# شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 8 - ئاي
28
جۈمە
维吾尔文 8 月28日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25167 - سان بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «پايتەخت فۇنكسىيەلىك يادرولۇق رايونىنىڭ تىزگىنلەش خاراكتېرلىك تەپسىلىي يېرىك پىلانى (كوچا رايونى قاتلىمى) (2018 - يىلدىن 2035 - يىلغىچە)»غا تەستىقىي جاۋاب بېرىپ قوشۇلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېقىندا «پايتەخت فۇنكسىيەلىك يادرولۇق رايونىنىڭ تىزگىنلەش خاراكتېرلىك تەپسىلىي يېرىك پىلانى (كوچا رايونى قاتلىمى) (2018 - يىلدىن 2035 - يىلغىچە)»غا تەستىقىي جاۋاب بېرىپ قوشۇلدى.

«تەستىقىي جاۋاب»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يادرولۇق رايون پۈتۈن دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزى، مەدەنىيەت مەركىزى ۋە خەلقئارا ئالاقە مەركىزىنىڭ يادرولۇق يۈكلىمە رايونى، داڭلىق تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرلىرىنى قوغداشتىكى نۇقتىلىق رايون، دۆلەتنىڭ پايتەخت ئوبرازىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم كۆزنەك رايون، «پايتەخت» بىلەن «شەھەر»، قوغداش بىلەن پايدىلىنىش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

تولۇق مەزمۇنىنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

# يېڭى دەۋر داغدام يولىدا چوڭ قەدەم بىلەن مېڭىش

## —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىزاڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى شېن خۇڭبىڭ، لوبۇ سىرېن، ۋاڭ چى، جاڭ جىڭپىن

بۇ بىر ئاجايىپ ئېگىزلىك، قاتمۇقات تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تارام - تارام دەريالار ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدۇ.

بۇ بىر پارچە مۇنبەت تۇپراق، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، مۆجىزىلەرگە گۇۋاھ بولدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىزاڭ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، شىزاڭ خىزمىتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىگە قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قىلىپ ۋە ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىزاڭ خىزمىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، ئۇنى توپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ياز بىلەن كۈز ئالمىشىۋاتقان پەيتتە، ھاۋا ئوچۇق ۋە سۈزۈك، گىياھ گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان، ئېگىزلىكتىكى كەڭ تۇپراق ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇپ، مەنزىرىسى خۇددى سۈرەتتەك گۈزەل ئىدى.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىدا، شىزاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلار كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمسەپەر بولۇپ، يېڭى دەۋر داغدام يولىدا چوڭ قەدەم بىلەن ماڭماقتا.

### پارتىيەنىڭ مېھر - شەپقىتىنى قەلبىگە پۈكۈش

—— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، پىلان تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىزاڭنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى

شىزاڭنىڭ لىنجى شەھىرىدىكى دۆلەت يولى 318 - لىنىيەسى بويىدا، ئېگىز - ئېگىز ئارچا دەرەخلىرى بۈك - باراقسان قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، باجى كەنتىدىكى ئاھالىلەر تۇرالغۇسىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

يىراق - يېقىنغا داڭلىق باي كەنت بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2019 - يىلى باجى كەنتىنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمى 12 مىليون يۈەندىن ئاشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 34 مىڭ يۈەن بولدى.

شىزاڭدىكى بۇ كىچىك كەنتكە يولداش شى جىنپىڭ ئىلگىرى ئىككى قېتىم كەلگەن بولۇپ، «تۇرلۇك چارە - ئاماللار بىلەن ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلاش كېرەك» دەپ تاپىلىغانىدى.

«باش شۇجىنىڭ دېگىنى بويىچە، بىز كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردۇق، بىرمۇ ئادەم بېيىش يولىدا سەپتىن چۈشۈپ قالمىدى» دېدى باجى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مىما.

چەكسىز كەتكەن ھەيۋەتلىك ھىمالايا تاغلىرى بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ چوققىلىرى خۇددى خەتسىز ئابىدىگە ئوخشاش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قارلىق ئېگىزلىكتە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولماقتا ۋە ئۇنى خاتىرىلىمەكتە.

شىزاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغان 70 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى شىزاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، شىزاڭ خەلقىگە كۆڭۈل بۆلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شىزاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى كۆزلەپ، يېڭى دەۋردىكى قارلىق ئېگىزلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سىڭدۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)


خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

**پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرەيلى**

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

>> 4 - بەتتە


ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى

## جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشايلى بولىمىز

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى توغرا تونۇشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىزگە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى چىڭىتتى.» يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باسقۇچلۇق يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپنى توغرا ئىگىلەپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ، ھازىرقى تاشقى مۇھىتقا نىسبەتەن تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدۇق.» جۇڭگو نېفىت خىمىيەسى غەربىي شىمال نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ شىجيې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن قاراپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىمىز. دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسەت قىلىپ، 10 مىليون تونىنا دەرىجىلىك نېفىتلىك، گازلىق قۇرۇش نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، نېفىتلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىچى تەرەققىيات مۇھىتىدا يۈزبەرگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى شەرھلىدى. مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى ۋۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپىي ئۈزلۈكسىز ئاشتى، بىز خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى زور كۈچ بىلەن تولۇقلاپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئامىمىنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا بولغان ئېھتىياجى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى

## قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈشكە چەك قويۇش - نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى تەپەككۇرى، يېڭى ئىستراتېگىيەسى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇھىم ئىدىيەسى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن ساھەسىدە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ 9 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ جەمئىي 9 مىليارد 78 مىليون يۈەن كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردىن 1 مىليارد 793 مىليون يۈەن ھەققى يېرىم كېمەيتىپ ئالدى، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ 7 مىليارد 285 مىليون يۈەن ھەققىنى تولۇق كەچۈرۈم قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلىدى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتتە، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، دىققەتنى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»قا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، «مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق» ۋە «تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق» رولىنى جارى قىلدۇردى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شىنجاڭ تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائەت باغچىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرى ئايلىنىۋاتاتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇداپىئەنى ياخشى قىلىش ئالدىنقى شەرتتە، ماشىنىدا پىششىق مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ ماسكا ئىشلەپچىقىرشقا كاپالەتلىك قىلىش كارخانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن باشلاپ، تىيانشان توقۇمىچىلىقتىكى 613 كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى زاۋۇتتا تۇرۇپ يېپىق شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنى يولغا قويدى، سىخلار بار كۈچى بىلەن ماسكا ئىشلەپچىقىرشقا كاپالەتلىك قىلدى، نۆۋەتتە، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قېتىملىق ماسكىنىڭ كۈندىلىك مال چىقىرىلىش مىقدارى 350 مىڭ دانىگە، N95 ماسكىنىڭ كۈندىلىك مال چىقىرىلىش مىقدارى 40 مىڭ دانىگە يەتتى.

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «ۋەزىپىنى كېمەيتمەسلىك، كۆرسەتكۈچنى تۆۋەنلەتمەسلىك»تە چىڭ تۇردى، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى جەمئىي 6209 كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى زاۋۇتتا تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرشقا كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



### بېيجىڭ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا ئالدىراش قۇرۇلۇش قىلىنماقتا

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، بېيجىڭ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ باركۆلدىن مورىغىچە بولغان بۆلىكىدىكى سېپىكۇ يول كۆۋرۈكىدە جىددىي قۇرۇلۇش قىلىنماقتا. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 375 مېتىر بولۇپ، قوش يۆنىلىشلىك تۆت ئاپتوموبىل يولى قىلىپ لايىھەلەنگەن، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ 9 - ئاينىڭ ئاخىرى تاماملىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

□ جاڭ جيەنگاڭ فوتوسى

نانچىلىق كەسپى ئۈچۈن ئەقىل - چارە كۆرسىتىش ③

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆھپە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 50 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە نان يېقىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار نانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۇتقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئەڭگۈشتەر، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى يارقىن نۇقتا قىلدى، نانچىلىق كەسپىدە ھەممە يەرنى قاپلاش، تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 50 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە نان يېقىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدى.

خېمىر يۇغۇرۇش، زۇۋۇلا ئۈزۈش، ئېچىپ تەييارلاش... 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پەيزاۋات ناھىيەلىك نانچىلىق كەسپى باغچىسىدا مەمەتئىمىن قادىر شاگىرتىغا نان يېقىش ماھارىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى.

مەمەتئىمىن پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ بارىن بازىرى باغچى كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە بولۇپ، بۇلتۇر 8 - ئايدا پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ نانچىلىق كەسپى باغچىسىغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان. «مەن ھازىر كۈنىگە 500دىن ئارتۇق نان ياقالايمەن، يەنە بەش شاگىرت تەربىيەلىدىم.» ئۇ مۇنداق دېدى: مۇقىم مائاشىمغا پايدا پىرسەنتى قوشۇلۇپ، ھەر ئايدا 3500 يۈەن كىرىم قىلىمەن، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىشەنچىم كامىل.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)